1987
ژىل
ئاپرېل
№8(250)
باھاسى
2 تيين

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى

گېزىت 1976- ژىلى دېكابىردىن چىقىۋاتىدۇ.

## 22- ئاپرېل
## ۋ. ئى. لېنىننىڭ تۇغۇلغان كۈنى



سۈرەتتە: ۋ. ئى. لېنىن.

ئۈچقۇن

## لېنىن

يەر دېدى:
— كۈلدۈم مەن پاتماي قىنىمغا،
ئالەمگە بىر ئوغلان كوز ئاچقان كۈنى.
يۈلتۈزىن ئاختۇرۇپ دانا مۇنەججىم،
باھارنىڭ قۇياشى نۇر چاچقان كۈنى.
كۈلدۈم مەن، قوشۇلۇپ كۈلدى ھەممە
جان،
تۇغۇلدى بىر بوۋاق ۋولگا بويىدا.
ۋولودە دەپ سويۇپ، ئانىسى قۇچقان،
ۋولگىدەك پاك ئارزۇ باردى ئويىدا.
ھېچ كىشى بىلمەتتى، كىم بولار گودەك،
پەقەتلا ئانىنىڭ ئارمىنى چەكسىز.
ئاسرىدۇق پەرزەنتنى بۈيۈك سويگۈدەك،
ئانىلار ئانىسى ئوزەم ئىككىمىز.
ئاڭلاڭلار شۇ كۈنى تۇغۇلدى لېنىن-
يۈزلەپ ئەسىرلەرگە يەگانە پەرزەنت.
مىڭلاپ دانىشمەننى كورگەنمەن، لېكىن-
شۇ كۈنى باشقىچە كۈلگەنمەن پەقەت.
ھېچ كىشى بوۋاققا ئاچمىغاندى پال،
ھەم ئۇنىڭ بەختىنى كورمىگەن سىناپ.
بۇ قېرى ھەسرەتلىك تارىخ، ئېھتىمال،
ئۇنىڭدا بەختىنى سىناتتى شۇ تاپ.

باھاردا ئالەمگە كەلدى ئېتىراپ،
باھار ئاخشىسىغا زوقلىنىپ ئوستى.
باھار ھىسى بىلەن ئەتراپقا قاراپ،
ئۆلغىيىپ، زىمىستان يولىنى توستى.
دۇنيا سىلجىپ بارار مۇكەممەللىككە،
ئادەم ئاچار تىنىماي ئۇنىڭ سىرىنى.
مىڭلاپ ئەللامىغا تەڭ بولۇپ يەككە،
لېنىن تولۇقلىدى كەمتۈك يېرىنى.
لېنىن قوزغىلاڭغا چەككەندە ئىمزا،
ھەر بىر دەقىقىنى قىلغاندا ھېساپ،
ھوكۈم قىلىنغاندا زۇلمەتكە جازا،
ئاۋرورا تىلىدىن چىقاردى خىتاپ.
بۇ خىتاپ ياڭرايدۇ ھازىرمۇ مەغرۇر،
ئۇزاق كېلەچەككە يېتەر ساداسى.
ئۇنىڭدا ماركسىنىڭ پىكرى كورۇنەر،
ئۇ بەختىن بېشىدۇر زۇلمەت ئاداسى.
بۇ خىسلەت ياڭرايدۇ قىتئەلەر ئارا،
جاھالەت، تەڭسىزلىك گېلىنى بۇغۇپ.
شۇ خىتاپ ئۇۋجىدىن قېرى ئازىيە
ياشارغاندەك بولدى قايتا تۇغۇلۇپ.
ئەللەرنى ئايرىدى ئارىلىق- مۇساپە،
ئادەملەرنى ۋاقىت ئايرىيدۇ پات- پات.
ۋاقىت، مۇساپىغا قارشى يېگانە
كۈچ بولۇپ تورەلدى ئىشەنچ، ئىتتىپاق.
لېنىندىن ئىتتىپاق زامانىمىزدا،
سەييارە كوكىدە تۇغ بولغان ئىنسان.
س س س رنىڭ ھەر بىر بەخت خانىسىدا
لېنىن ساخاۋىتى، يولى ئامايەن.

بۇ كۈنلەردە پۈتكۈل سوۋېت خەلقى ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ 70ژىللىقىنى نىشانلاشقا ھەر تەرەپلىمە تەييارلىق قىلماقتا. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن موشۇ ژىلى 14- 22- ماي كۈنلىرى ئاۋسترىيەدە ئوتۇدىغان س س س ر كۈنلىرىگە سوۋېت ئىتتىپاقى نامىدىن قازاقستان قاتنىشىدۇ.

ئىككىگە بولۇنۇپ، ئاۋسترىيەنىڭ ۋېنا ۋولكېرسدورف، زالتسبۇرگ، ئىببىنزېيە (راتۇشا) شتايېگگ، شتىرىيۇ، گورسىشۋايبارد، تىرول، تىرول- ئاتتېرس، فورار- لبېرگ، بۇرگېنلاند شەھەرلىرى بىلەن ئولكىلىرىدە كونسېرتلار بېرىدۇ.

سەنئەت ماھىرلىرىنىڭ چوڭ گرۇپپىسى تەركىۋىدە س س س ر خەلق ئارتىسى ئە-

## ئاۋسترىيەدىكى س س س ر كۈنلىرى

ئاۋسترىيەدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كۈنلىرىنىڭ قانداق ئوتۇدىغانلىقى توغرىلىق چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىي ۋە دوستلۇق ئالاقە باغلاش قازاقستان جەمىيىتى مۇخبىرىمىزغا مونۇلارنى ئېيتىپ بەردى.

پروگرامما بويىچە 15- ماي كۈنى س س س ر كۈنلىرى ئاۋسترىيەنىڭ ۋولكېرسدورف سارىيىدا ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭدا قازاقستان س س رنىڭ قول سانائەت، گرافىكا، كىتاپ، باللار سۈرەتلىرى، ئەمەلىي سەنئەت كورگەزمىلىرى ئويۇشتۇرۇلىدۇ.

ئاۋسترىيەگە قازاقستاندىن بارىدىغانلار تەركىۋىدە قازاقستان س س ر خەلق ئارتىسى زاۋىر رايباييۋ باشلىغان سەنئەت چېۋەرلىرىنىڭ چوڭ گرۇپپىسى بار. ئۇلار لىبېك دىنشىۋ، قازاقستان س س ر خەلق ئارتىستى خورلان قاللانبېكوۋا، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ خىزمەت كورسەتكەن ئارتىسى قايرات بايبوسىنوۋ، «گۈلدېر» ئانسامبلىنىڭ ناخشىچىسى قالامپىر راخمووۋا قاتارلىقلار بار. كىچىك گرۇپپا تەركىۋىدە قازاقستان س س رنىڭ خىزمەت كورسەتكەن ئارتىسى ئەسكېربېك ئېڭكېبايېۋ، ياش ناخشىچى نۇرجامال ئۇسەنباييۋا بولىدۇ.

ھەر بىر ئۇچرىشىشتا سوۋېت قازاقستانىنىڭ ئىجتىمائىي- ئىختىسادىي، مەدەنىي جەھەتتىن قولغا كەلتۈرگەن مۇۋاپپەقىيەتلىرى توغرىلىق لېكسىيەلەر ئوقۇلىدۇ، كىنو فىلملار كورسىتىلىدۇ.



سۈرەتتە: ئاۋسترىيەدە ئوتىدىغان س س س ر كۈنلىرىگە قاتنىشىدىغان ناخشا- ئۇسسۇل ئانسامبلىنىڭ بىر گرۇھ ئۇسسۇلچىلىرى.

14-22 ماي ئارىلىغىدا ئاۋسترىيەدە ئوتىدىغان س س س ر كۈنلىرى- قازاقستان سەنئەتچىلىرى ئۈچۈن بەيرەم كۈنلىرى بولغۇسى.

### يېزا يېڭىلىقلىرى

**چىمكەنت.** «سوزاق» ۋە «قوۋكەنت» سوۋخوزلىرىنىڭ ئېتىزلىرىدىن ئاخىرقى تېرىلغۇ ئاگرېگاتلىرى كەتتى. ئوبلوس ئېگىلىكلىرى باشاقلىق زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇسىنى ئاياقلاشتۇردى، 400 مىڭ گېكتاردىن ئوشۇق مەيدانغا باشاقلىق زىرائەتلەر تېرىلدى. بۇغداي بىلەن ئارپا ئاختاما، ئىلگىرى بېدە تېرىلىپ، ئاندىن ھايدالغان يەرلەرگە تېرىلدى. ئاساسىي ئوزۇق- تولۇك زىرائىتى ئىنتېنسىۋ تېخنولوگىيە بويىچە ئوستۇرۇلمەكتە.

**سېلىنوگراد.** «زارېچنىي» سوۋخوزى ياڭيۇ ۋە كوكتات ئېتىزلىرىنىڭ ئونۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەشمەكتە. ئېتىزلارغا 60 مىڭ توننا ئوغۇت توكۇلدى. تراكتورىستلار سېرگېي سېمېنوۋ، ئالېكساندىر بۇسىس ۋە باشقىلار ھەر بىرى مىڭ توننىدىن ئوشۇق يەرلىك ئوغۇت توشۇدى.

ئوبلوستا بىر ملليون تونىدىن ئوشۇق ئورگانىكىلىق ئوغۇت كوكتات زىرائەتلىرى، ياڭيۇ، كومۇقوناق تېرىلىدىغان ئېتىزلارغا توشۇلدى.

(قازتاگ).

